غەيرەت ئاسم

# ئىزنى يەر ئادەم قىلدۇ

مللەتلەر نەشرياتى
بېيجىڭ



غەيرەت ئاسىم

# ئۆزنى يېر ئادەم قىلدۇ

(رومان)

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

مەسئۇل مۇھەررىر
مەسئۇل كوررېكتور : خەيرىنسا روزى

(رومان)

# ئەرنى يەر ئادەم قىلدۇ

## غەيرەت ئاسىم

| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ |
| پوچتا نومۇرى | : | 100013 |
| تېلېفون نومۇرى | : | 010—64290862 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى |
| نەشرى | : | 2008 ـ يىل 5 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2010 ـ يىل 2 ـ ئايدا 2 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | | 11.875 |
| سانى | : | 3001—5000 |
| باھاسى | : | 20.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-09234-5/I.1915 (维 275)

责任编辑
责任校对　：海仁莎

图书在版编目(CIP)数据

大地哺育男人成长：维吾尔文/阿拉提·阿斯木著.— 北京：民族出版社，2008.4（2010.2重印）

ISBN 978-7-105-09234-5

Ⅰ.大… Ⅱ.阿… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2008)第053768号

出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街14号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2008年5月第1版　2010年2月第2次印刷
开　　本：850×1168毫米 32开
印　　张：11.875
印　　数：3001—5000
定　　价：20.00元

ISBN 978-7-105-09234-5/I.1915（维 275）

# 1

سەھەردە شاكىرجان بىسمىللا دەپ تاغنىڭ كەينىدىن ئۆرلەۋاتقان قۇياشقا قاراپ يولغا چىقتى. قۇياشنىڭ سېھىرلىك نۇرلىرى بۇ تاغ رايونىنى بەكمۇ چىرايلىق قىلىۋەتكەن ئىدى. ئات لەرزان قوڭغۇراق ساداسى ئىچىدە ھارۋىنى بىر خىل سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى ئاستىدا بېشىنى كۆتۈرگەن ئوت-چۆپلەر تەبىئەتنىڭ ھاياتبەخش ھاۋاسى بىلەن سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى. ئوت-چۆپلەر، ئارىسىدا كۈلۈپ تۇرغان نۇرلارغا، زېمىندە بىر كېچىدە يۈز بەرگەن بارلىق گۈزەل ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ بەردى. نۇرلارمۇ ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇيناپ يۈرگەن ئاشۇ ياخشى ئىشلارنىمۇ ئوت-چۆپلەرگە سۆزلەپ بەردى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇلار مۇشۇنداق مۇھەببەت ئىچىدە ياشاپ كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر-بىرىسىدىن ئايرىلالماي ياشاپ كەلگەن تارىخىغا ھايۋانلار ئىچىدە شاكىرجاننىڭ سادىق ئىتى گۇۋاھ ئىدى. ئەگەر ئاتنىڭ زوۋانى بولغان بولسا، ئۇ مۇشۇ رايوننىڭ يوللىرى، ئۇلار بىلەن بولغان سان-ساناقسىز مۇھەببەتلىك كۆرۈشۈشلىرىنى مۇھەببەتلىك ئىنسانلارغا داستان قىلىپ بەرگەن بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا دەيدىغان ئىشلارمۇ ناھايىتى جىق ئىدى. كۆتۈرۈلگەن قۇياش تۈزلەڭلىكتىكى رەڭگارەڭ گۈللەرنى كۈلدۈرۈشكە باشلىدى. ياخشى ماكاننىڭ ياخشى گۈللىرى، ياخشى قۇياشنىڭ ياخشى نۇرلىرى ئاستىدا مۇشۇنداق يېقىملىق ئېچىلاتتى. ئېچىلىش ئارىلىقىدىكى شۇ مىنۇت ئىچىدە قۇياش نۇرىنىڭ لەۋلىرىگە خۇمار بولۇپ كەتكەن گۈل ياپراقلىرى نۇرلارنىڭ تاتلىق شېرىنىسى ئىچىدە مەست بولۇپ كېتەتتى. ئېچىلىدىغان ۋاقتىنى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

دېيىشىۋېلىپ ئېچىلىدىغان گۈللەر ھە دېگەندىلا
يولۇچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى. كىچىك ياپراقلىرى
ئۇنىڭغا قارىغان ھەممە ئادەمنى ئويغا سېلىپ قوياتتى. سىز
ياشلىق دەۋرىڭىزنى ئويلاپ قالاتتىڭىز، ئەينى يىللاردا گۈل
ئۈزگەن ئاشۇ مىنۇتلار كۆز ئالدىڭىزغا كېلىۋېلىپ،
ئۆزىڭىزنىڭ ئاشۇ كۈنلەردىكى ئاشۇ گۈزەل كۆرۈنۈشلىرىڭىز
بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قوياتتى. نەتىجىدە كۈلگەن كۈنلىرىڭىز
ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم كۈلەتتىڭىز، يىغلىغان كۈنلىرىڭىز
ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم يىغلايتتىڭىز، قىسقىسى، بۇ
كىچىك-كىچىك ئېچىلىدىغان گۈللەر سىزنى بەكمۇ چوڭ
ئويغا سېلىپ قوياتتى. شۇ تاپتا تاغ ئىچىدىكى بارلىق
گۈللەر گۈزەل كۆزلىرىنى ئېچىپ بولغان ئىدى، پەسىل
قۇشلىرىنىڭ مۇڭلىرىمۇ ئاڭلىنىشقا باشلىدى.
شاكىرجاننىڭ ئېتى ئىلگىرىلەۋاتاتتى.

تاغنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى راھەت ئىدى، سىز مۇشۇ
ھاۋادا نەپەس ئالغاندا ناھايىتى يېنىكلەپ كېتەتتىڭىز،
خۇددى يۈرىكىڭىز تاغ سۈيىدە بىر قېتىم ئويناپ چىققاندەك
ھېس قىلاتتىڭىز، تاغ سۈيى يۇقىرىدىن جىرلاپ تۇرۇپ
ئاقاتتى، ئۇ ئاشۇ ئۇزاق تارىخنى تىرىشىپ بۈگۈنكى
ئېقىنلىرىغا ئۇلايتتى.

شاكىرجاننىڭ ئېتى ئۆستەڭ بويلاپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى،
قوڭغۇراق ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى ئىدى. ئۇ ئۇنىڭغا
ئۆزىنىڭ ئىجادچىسى تۆمۈرچىنىڭ قاراڭغۇ ئۆيدىكى
ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ تۆمۈرچىنىڭ ئوچاق
ئالدىدىكى. ئوت ئالدىدىكى ئارزۇسى بىلەن ئۇنى
ئۈمىدلەندۈرۈپ تۇراتتى. جانسىز قوڭغۇراقنىڭ جانلىرى
ئاتنىڭ بويىنىدا جانلىناتتى، تىنچ زېمىنغا مەنە بېرەتتى.
ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئات ئۆزىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق
ئۆزىنى مۇشۇنداق خوش قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئات

شاكىرجاننى تاغ بازىرىغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.
تاغ رايونىدىكى بۇ بازارنىڭ بەكمۇ پەيزىسى بار ئىدى، تاغدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا چىقىپ كېتىدىغان بۇ ئاچال بازىرىنى شاكىرجان «مەرى ئىسسىلىك بازار» دەپ ئاتايتتى، مەھەللىدىكىلەرمۇ ئۇنى دوراپ مۇشۇنداق ئاتايتتى. بۇ تاغ يولى قىسقىغىنە تۈت ئاي ئېچىلغاچقا، يازدا بۇ يەر بەكمۇ ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى. بازاردا توخۇنىڭ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلاتتى. بۇ ئەلۋەتتە بۇرۇنقى ئىشلار ئىدى، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن، بازار بۇرۇنقىدەك ئاۋات ئەمەس ئىدى. شۇ كۈنلەردە بەزىلەر يەنە ماللىرىنى تىقىشتۇرۇپ يۈرۈپ سودىلىشىشقا مەجبۇر ئىدى.
شاكىرجان بازارغا يېتىپ كەلدى، ئۇ ئەتراپىنى بىرقۇر كۆزەتكەندىن كېيىن، ھارۋىسىدىكى تېرىلەرنى بىر تېرىچىگە ساتتى، ئاندىن يولنىڭ ئۇستىدىكى ماگىزىنغا كىرىپ، سودا قىلىشقا باشلىدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم. — دېدى شاكىرجان پوكەينىڭ ئىچىدە كولۇپ تۇرغان خوجايىنغا قولىنى بېرىپ.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى نۇردۇن، ئۇ كولۇپ تۇرۇپ شاكىرجاننىڭ قولىنى تۇتتى. — ھە، بالىلىرىڭ، ماللىرىڭ دېگەندەك ھەممىسى ئامانمۇ!
— خۇداغا شۈكۈر!
— خوش، بازارلارغا كەلمەيدىغان بولۇپ قاپدىكغۇ؟ — دېدى نۇردۇن.
— بازارنى بەك باشقۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلاۋاتىمەن...
— شۇنداق، بازار باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى پات-پات كېلىدىغان بولۇۋالدى. نېمە دەيمىز ئەمدى، يامان بولدى. بازار بولمىسا قانداق تىرىكچىلىك قىلغىلى بولىدۇ؟ — دېدى نۇردۇن ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ.
شاكىرجانمۇ كەينىگە بىر قاراۋېتىپ. ئاندىن نۇردۇننىڭ

كۆزىگە قارىدى:
— ھېلىقى تۈزدىن بولسا بىر تاغار ئالاي دېگەن.
— جىگدىن ئوغرىلىقچە ئەكەلگەن تۈزلار بار، بىراق شۇ قارىراق، مەھەللىدە ساتىمەن دەپ چاندۇرۇپ قويارسەنمىكىن؟
— دېدى نۇردۇن پىچىرلاپ.
— ئۇ تەرىپىدىن خاتىرجەم بول، خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا مەن مۇشۇ كۈنگىچە شەيتانغىمۇ قۇيرۇق تۇتقۇزغان ئەمەسمەن!
— ساڭا ئىشىنىمەنغۇ......
— يەنە بۇرۇنقى باھا بويىچە بولامدۇ - يە؟
— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە ئاداش.
— ئەمىسە ھارۋىغا بېسىپ بەر.
— قانداق ئەكىتىسەن؟ يورۇقتىلا ئېلىپ ماڭماقچىما؟
— چۆپلەرنىڭ ئاستىغا باسۇرۇۋەتمەمدىم...
— ھەر ھالدا دىققەت قىل، بىرەر ئاكتىپقا ئۇچراپ قالساڭ تۇگەشكىنىڭ شۇ، ئەگەر تۇتۇلۇپ قالساڭ، ياغاچ توشۇۋاتقان شوپۇرلاردىن ئالدىم دېگىن...
— خاتىرجەم بول ئاداش، ئۇ ئاكتىپلىرىڭنىڭمۇ گېپى بار!
شاكىرجان نۇردۇننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئات ھارۋىسىنى ماگىزىنىنىڭ كەينىدىكى قورۇغا ھەيدەپ ئەكىردى، ئاندىن ھارۋىنىڭ ئۈستىدىكى چۆپلەرنى يەرگە چۈشۈردى. ئارقىدىن نۇردۇنغا ياردەملىشىپ بىر تاغار تۇزنى ھارۋىغا باستى، ئاندىن يەردىكى چۆپلەرنى تاغارنىڭ ئۈستىگە ياپتى. شاكىرجان يېنىدىن پۇلىنى ئېلىپ، نۇردۇنغا بەردى.
— سانىۋال.
— ... توغرىكەن. سەن ھەرگىز ھېسابتا ئازمايسەن ئاداش. ئەمىسە يول بولسۇن. — دېدى نۇردۇن پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ.
شاكىرجان كىيىملىرىنى قېقىشتۇرغاچ نۇردۇننىڭ

كۆزىگە قارىدى:

— تۈزۈڭنى سىتمۇبىلىپلا قوغلىغىلى تۇردۇڭغۇ؟

— ۋەزىيەتنى ئۆزەڭ بىلمىسەن. بازاردا ئۇزاق تۇرۇپ قالما دەيمەنغۇ. مۇشۇ كۈنلەردە ئاكتىپلار ئىشتاننى سالدۇرۇپ تۇرۇپ ئاختۇرىدىغان بولىۋالدى!

— قىزىق گەپ قىلدىڭ ئاداش. سىنىڭ مۇشۇنداق قىزىق گەپلىرىڭنى ئاڭلىمىغىلى خېلى ئۇزۇن بوپتۇ، بىرەر جىڭ ئىچىپ قويمايلىما؟ — دېدى شاكىرجان نۇردۇننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— سىنىڭ مۇشۇ مىجەزىڭزە، ھازىر قانداق ۋەزىيەت، ئاۋۇ ئالغان مىلىڭنى بىر جىمىقتۇرىۋېتىپ كەلمەمسەن، ئويۇن دىگەننى خاتىرجەم ئوينىمايمىزمۇ!

— بولاۋىرىدۇ ئاداش، ئۆلۈپ تۇگەيدىغان جاھان بۇ، ئۇزاق بوپتۇ، ئىستىمال قىلمىغىلى، بۈگۈن كۆڭلۈم تارتىپ تۇرىدۇ. تىقىپ قويغان ھارىقىڭدىن بىر جىڭ چىقار. دۇكىنىڭنى تاقا. مىجىت چولاقنىڭ سامساخانىسىگە بارايلى!

— دېدى شاكىرجان روھلۇق ھالدا.

نۇردۇن كولۇپ كەتتى. بۇ گەپ ئۇنىڭغا خۇشياقىان ئىدى.

— بۈيرۈق قىلىپ كەتتىڭغۇ ئاداش، — دېدى ئۇ كولۇپ.

— ئۇنداق دىسەڭ بولمايدۇ ئاداش. بىر دەم ياشايلى دەيمەنغۇ! — دېدى شاكىرجان ئىتىنىڭ ئۇستىدىكى چىچىلىپ تۇرغان چۆپلەرنى قامچىسى بىلەن چۇشورۇۋېتىپ.

— ئەمىسە سەن دىگەندەك قىلايلى ئاداش، ئۆزەممۇ ئاشۇ نەرسىنى سېغىنىپ قاپتىمەنكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە سەنمۇ ئۇزۇندا بىر كېلىسەن، ئەمىسە سەن مىجىت چولاقنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ سامسا بۇيرۇتۇپ تۇر، مەن دۇكاننى تاقاپ كەينىڭدىن باراي. — دېدى نۇردۇن.

— ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ ئاداش، ئەمىسە مەن

ماڭدىم. يولۇڭغا قاراپ قالماي. توۋا دەيمەن ئاداش. بازار باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى مىجىتكە گەپ قىلمايدىكىنا؟ — دېدى شاكىرجان.

— ئۇ ئاداشنىڭ يولى بار. پات-پات ئۇلارنىڭ باشلىقىنىڭ گېپىغا ئۇرۇپ تۇرىدۇ: «مەن ئاجىز. ئۆزەم چولاق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر پۈتۈم يوق. ماڭا ئېتىبار بەرمىسەڭلار بولمايدۇ» دەپ. بازار باشقۇرۇشنىڭ باشلىقىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان. ئۇلار گۇڭشېدىن ھەپتىدە بىر قېتىم كەلگەندىكەن. ئۇنىڭ بىلەن ئانچە كارى بولۇپ كەتمەيدۇ، — دېدى نۇردۇن.

— شۇنىمۇ دەيمىز. ئاتىسىنىڭ دۇئاسىنى ئالغان نەرسە ئىكەن ئۇ، — دېدى شاكىرجان.

مىجىت چولاقنىڭ سامسىخانىسى تاغقا كىرىپ كېتىدىغان ئاچىلنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئىدى. ئۇنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا قۇچاق يەتمەيدىغان يوغان تۆت توپ قارىغاي بار ئىدى. چوڭلار بۇ يەرنى «تۆت قارىغاي» دەپمۇ قوياتتى. شاكىرجان ھارۋىسىنى ھەيدەپ سامسىخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئېتىنى ھارۋىدىن چىقىرىپ، ھارۋىنى سامسىخانىنىڭ دېرىزىسىنىڭ قېشىغا ئەكىلىپ قويۇپ. ئېتىنى ھارۋىغا باغلاپ قويدى. ئاندىن ئىشتان-چاپانلىرىنى قېقىشتۇرۇپ، سامسىخانىغا كىرىپ مىجىت چولاق بىلەن كۆرۈشتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مانا، بۈگۈن نوچى مېھماندىن بىرسى كېلىدۇ دېگەنتىم، يۇقىرى چىقىڭلار ئاداش. سېنىڭمۇ جامالىڭنى كۆرگىلى بولىدىكەن ھە! بىزنى تاشلىۋەتتىڭغۇ ئاداش؟ نېسىگە سامسا بەرمەيدىكەن دەپ قېچىپ قالدىڭغۇ دەيمەن ھە! — دېدى ئۇ شاكىرجاننىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ. ئۇ ئادەتتە شاكىرجانى «شېكەجان» دەپ چاقچاق قىلاتتى.

— تونۇر چىڭدۇ ئاداش؟! كېچە-كۈندۈز سامسا يېقىپ

بىر نېمە بولۇپ كەتتىمۇ دەيمىنا! — دېدى شاكىرجان كۈلۈپ.

— خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ ئاچالدا مېنىڭ تونۇرۇمغا دەز كەتمەيدۇ ھە! — دېدى مىجىت كۈلۈپ.

مىجىت مۇشۇ ئاچالدا پەيدا بولۇپ قالغىلى بەش يىلدىن ئېشىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ سول قولىنىڭ ئىككى بارمىقى يوق ئىدى، سول پۇتى كېسىلگەن ئىدى، بۇ توغرىسىدا گەپ تولا ئىدى. بەزىلەر ئاقكەن. كۆككەن دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇنداق ئەمەس مۇنداق ئىكەن، ئۆز ۋاقتىدا يۇرتىدا گۆش چانايمەن دەپ بارمىقىنى چانىۋاپتىكەن دەيتتى. ئەمەلىيەتتە بارماقنىڭ ھېكايىسى مۇنداق ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئاشنىسى بىلەن تۇتۇلۇپ قالغاندا، ئاشنىسىنىڭ ئېرى ئۇنىڭ قولىنى چانايمەن دەپ، ئىككى بارمىقىنى چانىۋەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇرتىنى تاشلاپ مۇشۇ يۇرتقا كېلىپ جان باققان ئىدى. ئۇنىڭ سول پۇتى كىچىك ۋاقتىدا زەخىملىنىپ. داۋا ئۇنۇم بولماي كېسىۋېتىلگەن ئىدى، ئۇ سامسىنى ناھايىتى ياخشى ياقاتتى، بازارغا كىرگەنلا ئادەم ئۇنىڭ سامسىسىغا ئېغىز تېگەتتى. بەزى خېرىدارلار ئۇنىڭغا قىزىقىپ ئۇنىڭ يۇرتىنى سورىسا. ئۇ شۇ ئادەمگە قاراپ جاۋاب بېرەتتى، بەزىلىرىگە مەن ئاقسۇلۇق دېسە، بەزىلىرىگە دادام قەشقەرلىك ئىكەن دەپ قوياتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ ھەقىقىي يۇرتىنى بىلەلمەيتتى.

— دائىم سېنىڭ بىر ئىشىڭنى بىلگۈم كېلىپ تۇرىدۇ مىجىت ئاداش. سېنىڭ يۇرتۇڭ زادى قەيەر؟ — دېدى شاكىرجان ئۆزىگە چاي قۇيۇپ بېرىۋاتقان مىجىتنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ.

— يەنە دېسەم يەنە شۇ گەپ ئاداش، مېنىڭ يۇرتۇمنى نېمە قىلىسەن سوراپ. ئەتە-ئاخشاملىرى يۇرتۇم تەرەپكە



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

قاراپ دۇئا قىلىپ قوياي دېگەنمۇ-يە؟ سامسام يارىسا بولدىغۇ! — دېدى مىجىت كۈلۈپ.

— گەپ شۇغۇ ئاداش.

— گەپ شۇ ئاداش، ئەگەر سامسا يارمىسا يىگىرمە كىلومېتىر يەرنى بېسىپ ساڭا تەزىم قىلمايمىزغۇ!

— رەھمەت ئاداش، مېنىڭ يۇرتۇم مۇشۇ. بۇگۈن نەدە ياشىغان بولسام، مېنىڭ يۇرتۇم شۇ يەر بولىدۇ، مەن جان بېقىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان يەرلەردە تۇرغان، شۇڭا مېنىڭ يۇرتۇم تولا! — دېدى مىجىت.

— ھە، مۇنداق دە ئاداش. بۇگېپىڭمۇ بولىدىكەن. خۇدايىم بۇيرۇسا سەنمۇ يول تېپىپ كېتىدىغان ئوخشايسەن. ياخشى ئادەم ئۈچۈن ھەممە يەر ئۆز يۇرتى بولىدۇ. — دېدى شاكىرجان.

— خوش، شىپكەجان، ئەمىسە تونۇرغا سامسا جۇپلايما؟ — دېدى مىجىت.

— ئەمىسە پەيزىڭ بىلەن ئىشلەيسەندە ئاداش. ھازىر نۇردۇن كېلىدۇ، بىزگە تۆتتىن، تۆتتىن يېقىپ بەر، ئىسسىق-ئىسسىق يەيلى!

— خو، پەيزىڭلار بار. بۇگۈن تىچلىق بولسا شەپكىنى تەتور كېيىدىغان گەپكەن-دە!

— ئۆينىمىغىلى ئۇزاق بوپتۇ ئاداش. بۇگۈن بىر ئىچىپ قويايلى دەيمىزغۇ! — دېدى شاكىرجان.

— بولىدۇ، مەن سىلەرگە سامسىنى ئوخشىتىپ يېقىپ بېرەي، — مىجىت ئورنىدىن تۇرۇپ، تونۇر بېشىغا كەتتى.

شاكىرجان دېرىزىدىن ئېتى بىلەن ھارۋىسىغا قاراپ قويدى. ئات ھارۋىدىكى چۆپنى يەۋاتاتتى. يولدا ئادەم ناھايىتى ئاز ئىدى. چۆپنى يەۋېرىپ تاغار كۆرۈنۈپ قالمىسۇن يەنە. — دېدى شاكىرجان ئىچىدە، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپ، ئېتىنى سامساخانىنىڭ كەينىدىكى تۇۋرۇككە باغلاپ قويدى.

— ئۆزەڭ بىلسەڭ ئاداش، مەن مالدىن ئايرىلمايمەن. بىر تاغا كېپەك ئېلىۋالدىم.

— ئۇ ئۆزەڭنىڭ ئىشى ئاداش. كېپەك ئالامسەن، چۆپ ئالامسەن ئىشقىلىپ تاغىرىڭ ئۆزە بولغىنى ياخشى! — دېدى مىجىت.

— ھە. نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر مىجىت ئاداش. — دېدى نۇردۇن تونۇرنىڭ قېشىدا پەيدا بولۇپ.

— كېلىڭلار ئاداش. دۇكانغا كىرىڭلار. سىلەرگە سامسا تەييارلاۋاتىمەن. — دېدى مىجىت.

ئۇلار دۇكانغا كىرىپ ئولتۇردى. مىجىتنىڭ ئايالى ئۇلارغا چاي قۇيۇپ بەردى.

— مىجىت. سوداڭلار قانداقراق ئاداش؟ — دېدى نۇردۇن قولىغا پىيالىنى ئېلىپ.

— خۇداغا شۈكۈر ئاداش، مۇشۇنچىلىك ياشاپ تۇردۇق، — دېدى تونۇرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ سامسىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان مىجىت.

— سامسىنىڭ ئالدىدا بىر رومكىدىن قېقىشىۋالمىزما؟ — دېدى نۇردۇن شاكىرجانغا پىچىرلاپ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىزدە. ئالدى بىلەن تومۇرلارنى بىر ئېچىۋالمايمىزمۇ؟!

نۇردۇن ئالدى بىلەن يانچۇقىدىن رومكىنى ئالدى، ئاندىن قوينىدىكى ھاراقنى چىقىرىپ، شاكىرجانغا تۇتقۇزدى. شاكىرجان ھاراقنى قولىغا ئېلىپ. باش بارمىقى بىلەن بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى بېسىپ تۇرۇپ، ھاراقنى چايقاپ كۆردى. شۇ ھامان بوتۇلكىنىڭ ئىچىدە چىرايلىق بۆزغۇنلار پەيدا بولدى. بىردەم تۇرغاندىن كېيىن. بۆزغۇنلار يوقاپ، ھاراق ئەسلىگە كەلدى.

— ساپ ھاراقكەن ئاداش. دېۋىزىيەنىڭ ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى شاكىرجان خۇشخۇي ھالدا!

— دېۋىزىيەلىك بىر خەنزۇ ئادەم مايغا تېگىشمەن دەپ ئون كىلو ئەكىلىپتىكەن. بىر كىلو هاراققا بىر كىلو ماي بەردىم. سېتىپ مۇشۇ بىر كىلو قالغان ئىدى. تەلىيىڭ باركەن ئاداش، — دېدى نۇردۇن.

— مەن سېنى بىلىمەن ئاداش، سەن هاراقتىن ئايرىلمايسەن.

— شاكىرجان بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، رومكىنىڭ ئىچىنى پودىۋېتىپ، رومكىغا هاراقنى قۇيدى. ئۇ ئەتراپىغا بىر قاراۋېتىپ، «خوش ئەمىسە» دەپ هاراقنى ئىچىۋەتتى. ئاندىن رومكىغا هاراق قۇيۇپ، نۇردۇنغا بەردى. نۇردۇن هاراقنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن. شاكىرجان قولىدىكى بوتۇلكىنى يەردە شىرەنىڭ پۇتىغا دالدا قىلىپ قويدى.

— ياخشى هاراقكەن ئاداش، شاپىمدە تۇتتى، — دېدى شاكىرجان. ئۇ ئادىتى بويىچە شەپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، يۈزىگە يېيىپ، شەپكىسىنى ئوبدان بىر پۈرىۋېلىپ، هاراقنىڭ ئاچچىقىنى بېسىۋالدى.

— بىزنىڭ هارىقىمىز مۇشۇنداق نوچى ئاداش. — دېدى نۇردۇن چاقچاق قىلىپ، — بەك تۇتتۇپ كەتتىما؟

— سېنىڭ تۇتمايدىغان نەرسەڭمۇ بارمىدۇ ئاداش؟

— بار، مەسىلەن دۇكاندىكى كىرسىنىمنى ئىچسەڭ تۇتمايدۇ!

— راست ئاداش، سورايمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، كىرسىن كەلدىما؟

— ياق، كەلمەيۋاتىدۇ، ئۈچ ئاي بولدى. بىر تۇڭمۇ كىرسىن كەلمىدى، — دېدى نۇردۇن.

— يامان بولدى، قاراڭغۇدا قېلىۋاتىمىز ئاداش.

— ئاڭلىسام شەهەردە ھەممە ئادەم ئىنقىلاب قىلىۋېتىپتىمىش، مەدەنىيەتتىن بىرەر ئىش چىققان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەهەر دېگەندە توك بار، ئۇلار بىزنىڭ كىرسىن ئىشلىتىدىغانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالسا كېرەك! — دېدى نۇردۇن.

— شۇ ئاداش، بىتىم بۇلۇڭدا دەپ بىر قاراڭغۇدا قالدۇققۇ...
مىجىت بىر تەخسىدە ئالتە سامسىنى ئېلىپ كىردى.

— سامسا ئالامەت ئوخشىدى جۇمۇ ئاغىنىلەر. — دېدى مىجىت.

— ئۆزەكنىڭ سامسىسىنى ئۆزەك ماختا ئاداش. — دېدى نۇردۇن.

— خەقلەر مانتىسىنى ماختىغاندىكىن بۇ ئەلۋەتتە سامسىسىنى ماختايدۇ-دە! — دېدى شاكىرجان كۈلۈپ.

— نەچچە زاماندىن بېرى نەگە يوقاپ كەتتىكى دېسەم خەقلەر مانتىسىنى ماختىغان يەردە بورۇيسەندە ئاداش، — دېدى مىجىت كۈلۈپ.

— ھە مانە، ئەمدى گەپ قىل شاكىرجان. — دېدى نۇردۇن.

— يا ئەمدى ئۆزىنىڭ سامسىسىنىمۇ ماختامدۇ دەيمىنا! — دېدى شاكىرجان.

— ماختىغۇچىلىكى باردە ئاداش. قارىماسەن سامسىلىرىم ماڭا ئوخشاش يارقىراپ تۇرغىنىنى. — دېدى مىجىت كۈلۈپ.

— توغرا دەيسەن ئاداش، ئىگىسىنى دورىغان سامسا ئىكەن بۇ! — دېدى شاكىرجان.

نۇردۇن كۈلۈپ كەتتى، — مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام دېگەن شۇ!

— مۇشۇمۇ گەپ بولدىما ئاداش، يەيدىغان نەرسىنىمۇ مۇشۇنداق ئوخشىتامسىلەر؟! — دېدى مىجىت خاپا بولۇپ.

— چاقچاق ئاداش چاقچاق!

— سىلىنىڭ مۇشۇ يورتىمىزە ئۆلەي دەپ قالغان ئادەمگىمۇ چاقچاق قىلىدىكەندە! مۇشۇنداق ئىشقىمۇ چاقچاق قىلامدۇ! — دېدى مىجىت. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى.

— چاقچاق دېگەن يامان نەرسە ئەمەس ئاداش... قانداق گەپ بۇ. سامسىنى ساناپ ئەكىلىپسىلىغۇ؟ — دېدى نۇردۇن

سامسىغا دىققەت قىلىپ.

— مەنمۇ تاغارلاپ ئەكىلەي دېگەن. ماۋۇ شېكەجان ئىسسىق-ئىسسىق يەيمىز دېدىيا ئەينا!

شاكىرجان كۈلۈپ كەتتى. — مۇشۇ ئاداشنى خوتەنلىكمىكىن دەيمەن نۇردۇن.

— بۇ ئاداشنىڭ يۇرتىغا بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ جۇما. مەھەللىلەردە ئۆزگە ئارا كالىنىڭ ئەمچىكىنى ئىمىپ يۈرىدىغان موزايلار بولىدىغان. بۇ ئاداشتىمۇ نەق ئاشۇنداق موزايلارنىڭ مىجەزى بار. نەگە بارسا جان بېقىپ كېتىدۇ! — دېدى نۇردۇن.

شاكىرجان ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئەمدى مېنى موزايغا ئوخشاتقىلى تۇردۇڭلارما ئاداشلار! — دېدى مىجىت. ئۇنىڭ بايامقى خاپا كەيپىياتى يوقىدى. نۇردۇننىڭ گېپى ئۇنىڭغا ياققان ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ نۇردۇننىڭ «نەگە بارسا جان بېقىپ كېتىدۇ» دېگەن گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆزلىرى لاپ قىلىپ پارقىراپ كەتكەن ئىدى.

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ئاداش، ئىككى يىلدىن كېيىن كالا بولۇپ قالىسەن. — دېدى شاكىرجان ئۇنىڭغا گەپ بەرمەي.

— شۇنىڭغا قارىغاندا سېنىڭمۇ مېنى ئەمگۈڭ كېلىپ قاپتۇدە! — دېدى مىجىت ئۇنىڭغا گەپ بەرمەي.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. تام تەرەپتە ئولتۇرۇپ سامسا يەۋاتقان مېھمانلار ئۇلارغا قارىشىپ قويدى.

— ماۋۇ چاقچىقىڭ ئورۇسنىڭ زاۋۇتىدىن چىققاندەك ئالامەت كەلدى مىجىت. بۇ بىر رومكا ھاراقنى ساڭا تۇتتۇم ئاداش، كۆتۈرۈۋەسەن.

— خۇدايىم تۇۋا دە ئاداش، خەقنىڭ يۇرتىدا جان باققىلى قوي ئادەمنى. — دېدى مىجىت كۈلۈپ.

— بىرەر رومكا ئىچىپ قويساڭ جان باقالماي قالامسەنمۇ!

— دېدى شاكىرجان.

— ھۆنەرۋەن ئادەمگە توغرا كەلمەيدۇ ئاداش!

— بۇ خەق ھاراقنىڭ قەدرىنى بىلمەمدا! — دېدى نۇردۇن.

— سىلە بىلىسىلە ئاداش، بىلگەن ئادەم ياخشى ئىچىشى كېرەك. مەن سامسامنىلا بىلسەم بولدى، — دېدى مىجىت.

— ئەمدى سەنمۇ بىر ئوغۇل بالا بولغاندىكىن دەيمەندە مىجىت، بىرەر قېتىم تۆت سەر ئىچىۋىلىپ. مەھەللىگە پەيزىڭ بىلەن كىرىپ، خۇشال ياشىۋالساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى نۇردۇن.

— دەيسىلىكەن ئاداش، خەقنىڭ يۇرتىدا! ئوغۇلبالىچىلىق قىلغىلى بولامدا! — دېدى مىجىت كۈلۈپ.

— سەن يۇرت ئايرىمايدىغان ئادەمتىڭغۇ. «خەقنىڭ يۇرتى» دەپ قالدىڭغۇ! ئوغۇل بالا دېگەن قىلمىغان ئىشنى قىلىپ باققۇلۇق. — دېدى شاكىرجان كۈلۈپ.

— ھازىرچە مۇشۇنچىلىك ياشاپ تۇراي ماقۇلما شىكەجان. — دېدى مىجىت.

نۇردۇن كۈلۈپ كەتتى. — سىىنىڭ ھۆرمەتلىك لەقىمىڭنى مىجىتمۇ بىلىۋاپتۇدە ھە! — دېدى نۇردۇن شاكىرجانغا قاراپ.

— «ر» دەلەلمەيدىغان خوتەنلىك ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ!

ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

— مەن تونۇرنىڭ قېشىغا باراي، سامساڭلار توڭەپ قالدى، — دېدى مىجىت ئورنىدىن تۇرۇپ.

— قىيمىسىغا قارىمۇچنى جىقراق ئارىلاشتۇرۇۋەت ئاداش. سامسىنى سامسا قىلىدىغان نەرسە قارىمۇچ! — دېدى نۇردۇن.

— سەن ھەممە ئىشنى بىلىسەن ئاداش. سامسىنى ئۆزەڭ يېقىۋالامسەن يا؟ — دېدى مىجىت.

— مەن سامسا ياقسام كىم ھاراق ئىچىدۇ؟

— ئەمىسە ئۆزەم ياقاي ئاداش، قېيىنئانامغا ياققاندەك ئوخشىتىپ يېقىپ بېرەي! — دېدى مىجىت كۈلۈپ. ئۇ



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com